# شىنجاڭ گېزىتى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش

نومۇرى: CN 65 — 0002 / Z

(ۋەكالەت نومۇرى: 1 — 57)

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (بۇ سان ئالتە بەت)

新疆日报

（维文）

1996 - يىل

ئۆكتەبر

22

سەيشەنبە


## ئېلىمىز ئىلمىي تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ۋە تېخنىكا تەجرىبە سۈنئىي ھەمراھىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بەردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، جۇچۇەن خەۋىرى.** ئېلىمىز 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، جۇچۇەن سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش مەركىزىدە «ئۇزۇن سەپەر 0 — 2» بەلگىلىك توشۇغۇچى راكېتا ئارقىلىق، ئىلمىي تەكشۈرۈش- ئۆلچەش ۋە تېخنىكا تەجرىبە سۈنئىي ھەمراھىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بەردى. سۈنئىي ھەمراھ بەلگىلەنگەن ئوربىتىغا ئوڭۇشلۇق كىردى.

بۇ قېتىم قويۇپ بېرىلگەن ئىلمىي تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ۋە تېخنىكا تەجرىبە سۈنئىي ھەمراھى ئېلىمىز قويۇپ بەرگەن 17 - قېتىملىق قايتۇرۇپ كېلىنىدىغان، يىراقتىن كونترول قىلىنىدىغان سۈنئىي ھەمراھ. ئالدىن بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە، بۇ سۈنئىي ھەمراھ ئوربىتىدا 15 كۈن ئايلىنىدۇ. يىراقتىن كونترول قىلىش ماتېرىياللىرى ئىسپاتلىشىچە، باشقا سۈنئىي ھەمراھقا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلغان. بۇ سۈنئىي ھەمراھ ئالەم بوشلۇقىدا ئىلمىي تېخنىكا سىنىقىنى ئېلىپ بارىدۇ.

ئېلىمىز قايتۇرۇپ كېلىنىدىغان، يىراقتىن كونترول قىلىنىدىغان سۈنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرىپ، ئالەم بوشلۇقىدا كۆپ قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەم 200 نەچچە تۈر بويىچە ئالەم بوشلۇقىدا سىناق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بىر تۈركۈم مۇھىم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇ نەتىجىلەر ۋە ماتېرىياللار پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىدە، جۈملىدىن دۆلەت زېمىنىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، نېفىت چارلاش، تۆمۈر يول لىنىيىسى تاللاش، دېڭىز- ئوكيان كاتېگورىيىسى، يەر تەۋرەشتىن مەلۇمات بېرىش، تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

## ئاساسلىق رەھبەرلەر بىۋاسىتە تۇتۇشى كېرەك

**«خەلق گېزىتى» ئوبزورچىسى**

پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە. بۇنىڭدا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئالاھىدە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ بىۋاسىتە تۇتۇشى پارتىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تەجرىبە.


ئاساسلىق رەھبەرلەر بىۋاسىتە تۇتۇشتا ئاساسلىقى، 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى، بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبەرلەر ئالدى بىلەن ئۆگىنىشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشى، 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارارى»نى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشى، مۇشۇ ئاساستا، كادىرلار ۋە ئامما ئىنىڭ ھۆججەتلەرنى ياخشى ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

ئاساسلىق رەھبەرلەر بىۋاسىتە تۇتۇشتا، رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئومۇميلىقنى ئاساس قىلىپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز سىستېمىسىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلىرى، پايدا - زىيىنىنى مۇزاكىرە قىلىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپقا تايىنىپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت تارىخىي بۇرچنى ئادا قىلىش ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلايلى

# ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 5-قۇرۇلتىيى داغدۇغىلىق ئېچىلدى

ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى، جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ يۈتەي قۇرۇلتايغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى، 22 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننىڭ پەن-تېخنىكا جەمئىيەتلىرى قۇرۇلتايغا تەبرىك خېتى ياكى تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى



ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى تۈنۈگۈن داغدۇغىلىق ئېچىلدى. سۈرەتتە: يىغىن مەيدانىدىن كۆرۈنۈش. ئۆز مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يىڭجېي** فوتوسى

ئۆز مۇخبىرىمىز **مۇھەممەتئىمىن ئوبۇل** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى ئەزىمەتلەر جەم بولۇپ، يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالىدىغان بىر قېتىملىق تارىخىي كاتتا يىغىن- شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا

يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 4-نۆۋەتلىك 8-ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تەشكىلاتلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھەر مىللەت پەن-تېخنىكا

جۇشېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي، لى فېڭزى، جاڭ يۈنچۈەن، چېن دېمىن، ۋۇدۇنفۇ، شيې فۇپىڭ، يۈسۈپ مۇھەممەدى، خوجېخان ھاكىموۋ، ئامىنە غاپپار، جاڭ خېڭ، ۋاڭ خۇەنيۈ، دەلىلقان مامىقان، ئىبراھىم روزى، ماۋدېخۋا، ۋاڭ شىجىن، بوتاي قاتارلىقلار 480 نەپەر ۋەكىل ۋە 2000 غا يېقىن ھەر مىللەت پەن-تېخنىكا خادىملىرى، كادىرلىرى بىلەن بىللە قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ۋەكىللەردىن، ھەمدە ۋەكىللەر ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە جاپالىق ئىشلەۋاتقان ھەر مىللەت پەن-تېخنىكا خىزمەتچىلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى.

ئۇ مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرماقتا. پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش- تېزلىتەلمەسلىك «ئىككى تۈپ ئۆزگىرىش»نى تېز ئىشقا ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي

